قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈشۈشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى ، 1998 - يىلى 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .


## توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈشى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (6)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm ، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىلى 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 80547 - 816 - 6

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈشى




ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي

تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى



Scanned by CamScanner

1. توشقاننىڭ تۆت
پۇتى بار بولۇپ، ناھا-
يىتى تېز يۈگۈرىدى-
كەن.



Scanned by CamScanner



2. تاشپاقىنىڭمۇ تۆت پۇتى بار بولۇپ،ناھايىتى ئاستا ئۆمىلەيدىكەن.


Scanned by CamScanner




3. بىر كۈنى توشقان تاشپاقىغا: «ھەي تاشپاقا، ئىككىمىز يۈگۈرۈش-
تە مۇسابىقىلىشىپ باقساق قانداق؟» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

4. تاشپاقا توشقان ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماپتۇ.






5. توشقان خوشاللىقىدىن قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ: «تاشپاقا ئۆمە-
لەيدۇ، كەچ كىرگۈچە ئىشىك ئالدىدا چۆرگىلەيدۇ» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.



6. بۇنى ئاڭلاپ تاشپاقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «توشقان،سەن بەك كۆرەڭلەپ كەتمە، بەسلەشسەك،بەسلىشەيلى!» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

7. توشقان تاشپاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ-دە: «نېمە دېدىڭ؟ ياخشى، ئۇنداقتا ئىككىمىز مۇشۇ يەردىن يۈگۈرۈشنى باشلايلى، قېنى قايسىمىز ئاۋۇ تاغ قاپتىلىدىكى چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئالدىدا يېتىپ بارىمىزكىن؟» دەپتۇ.




Scanned by CamScanner

8. بىر، ئىككى، ئۈچ. . . توشقان بىر كۆچەپ يۈگۈرۈپلا تاشپاقى-
دىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ.




9. توشقان كەينىگە قاراپ،تاشپاقىنىڭ ئۆمىلەپ تېخى ئازراقلا يول يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.



Scanned by CamScanner

10. توشقان كۆڭلىدە: «تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈشتە مەن بىلەن بەسلە-
شمەن دېگىنى ئۆچىغا چىققان ئەخمەقلىق، تاشپاقا ھامان ماڭا يېتىشەلمەي-
دۇ، بىر ئاز ئۇخلىۋالايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

11 . توشقان ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، كۆرەڭلىگەن هالدا: «لاي — لاي — لاي — لاي — لاي — لاي، مەن چوقۇم غەلىبە قىلاي» دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.






12. توشقان ناخشا ئېيتىۋېرىپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner

13. تاشپاقا گەرچە ئاستا ئۆمىلىسىمۇ، لېكىن قىلچە بوشاشماي بىر خىلدا مېڭىۋېرىپتۇ.



Scanned by CamScanner


14. تاشپاقا توشقان ئۇخلاۋاتقان يەرگە كەلگەندە، ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ.



Scanned by CamScanner

15. توشقاننىڭ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ ياتقى-
ىنى كۆرگەن تاشپاقىنىڭمۇ بىر ئاز ئارام ئېلى-
ۋالغۇسى كەپتۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا قەدىمىنى ئاستى-
لاتماپتۇ.





16. تاشپاقا ئۆمىلە ـ ئۆمىلە،
ئاخىر چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە يې-
قىنلىشىپ قاپتۇ.

17. دەل مۇشۇ پەيتتە توشقان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئەسنەپ، تۇرۇپ: «تاشپاقا، تېخىچە ماڭا يېتىشىپ بولالمىدىڭمۇ-نېمە؟» دەپتۇ.



18. ئۇ ئارقىسىغا شۇنچە قاراپمۇ تاشپاقىنى كۆرەلمەپتۇ.



Scanned by CamScanner

19. ئالدىغا شۇنداق قارىغانىكەن، تاشپاقا بەلگىلەنگەن نۇقتىغا يېتەيلا دەپ قاپتۇ.



Scanned by CamScanner

20. توشقان دەرھال تاشپاقىنى قوغلاپ،تاغ قاپتىلىغا كەپمۇ قاپتۇ.






21. ئەمما بۇ ۋاقىتتا تاشپاقا بەلگىلەنگەن نۇقتىغا ئاللىقاچان كېلىپ بولغان بولۇپ، دەرەخ تۈۋىدە توشقاننى ساقلاۋاتقان ئىكەن.

Scanned by CamScanner

22. تاشپاقا غەلىبە قىلىپتۇ، توشقان بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يېڭىلىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

**龟兔赛跑**
红蜻蜓丛书(6)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
乌鲁木齐海洋彩印有限公司印刷
889 × 1194 毫米 48 开 0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版 2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 816 - 6

总定价：10.80 元 每册价：1.80 元(维)

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۇل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-816-6

9 787805 478166 >

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner